Uluslararası Doğu Türkistan STK'lar Birliği
خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى
International Union of The East Turkistan Organizations
الاتحاد العالمي لمنظمات تركستان الشرقية

# فېۋرال خىزمەت دوكلاتى

## 3 ـ فېۋرال

## ئىنگلىزچە مۇنازىرە ماھارەتلىرى تەربىيەلەش ئۇچرىشىشى

ئىستانبۇل 3 ـ فېۋرالدىن 5 ـ فېۋرالغىچە ئۈچ كۈنلۈك ئىنگلىزچە مۇنازىرە ماھارەتلىرى تەربىيەلەش ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، كۆپلىگەن دۆلەتلەردىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلار قاتناشتى.

ئىستانبۇلنىڭ ئارناۋۇتكۆي رايونىدا  ئېلىپ بېرىلغا مۇنازىرە ماھارەتلىرى تەربىيەلەش پىروگراممىسنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى ۋە مالايشىيا بەيتۇل ئەمانە ئىنستىتۇتىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، تۈركىيە، نورۋېگىيە، گوللاندىيە، قازاقستان ۋە شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن تاللانغان 45 ئۇيغۇر ياش قاتناشتى.

ئۈچ كۈن داۋاملاشقان تەربىيەلەش پىروگراممىسىدا ياشلارنىڭ ئىنگلىز تىلىدا نۇتۇق سۆزلەش، ئىپادىلەش ۋە مۇنازىرە قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ۋە شۇنداقلا مىللىي روھىنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، مالايشىيادىن تەكلىپ قىلىنغان داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتتى.

پىروگراممىنىڭ ئاخىرقى كۈنى كۇرسقا قاتناشقان ياشلار ئارىسىدا مۇنازىرە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىدە ئىنگلىزچە ئىپادىلەش، ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئىخچام ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە تىلنىڭ راۋانلىقى قاتارلىقلار ئاساس قىلىندى.









## 5 ـ فېۋرال

## ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ۋە نامايىش

1997 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال غۇلجا قەتلىئامىنى خاتىرىلەش ۋە خىتاينىڭ قەتلىئامىغا قارشى نارازىلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، 2023 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال خىتاينىڭ ئىستانبۇل، ئىستوكھولم ۋە ئامستېردامدىكى كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.




## 6 ـ فېۋرال

## شەرقىي تۈركىستان خەلقى يەر تەۋرەشتە قازا قىلغانلارغا ياردەم قىلدى

6 ـ فېۋرال سەھەردە تۈركىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئانادولۇ تەرىپىدە **7.7** ۋە **6.7** بال يەر تەۋرىدى. خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى 6 ـ فېۋرالدىن باشلاپ يەر تەۋرەشتە ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

6 ـ فېۋرال خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا يەر تەۋرەشتە قازا قىلغانلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن جىددىي ياردەم بېرىشكە چاقىردى. تەخمىنەن **300** ئادەم يەر تەۋرەش رايونىدا پىدائىي بولۇشقا تىزىملاتتى. ئىككى ھەپتە ئىچىدە **8 مىليون لىرا** ئىقتىسادىي ياردەم تەمىنلەندى.



9-فېۋرال **65** كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىككىنچى جىددىي قۇتقۇزۇش ئەترىتىمىز ھاتايغا قاراپ يولغا چىقتى.

12-فېۋرال **15** كىشىدىن تەركىب تاپقان 3-جىددىي قۇتقۇزۇش ئەترىتىمىز ئادىيامانغا قاراپ يولغا چىقتى.




15-فېۋرال خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئەپەندى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن «تۈركىيە بىر قەلب» پروگراممىسىغا ئىئانە قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئارقىلىق، **1.000.000 لىرا** ئىئانە قىلدى.

22-فېۋرال خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى كۆك ئاي ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى ئارقىلىق ئەڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان ۋىلايەتلەرنىڭ بىرى بولغان مالاتيانىڭ تۈركئوغلى رايونىغا **1 مىليون 357 مىڭ لىرا** قىممىتىدىكى **500** كىشىلىك چېدىر ئىئانە قىلدى.




شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۈلتۈر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى ۋە ھىرا تېخنىكا ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى شەرقىي تۈركىستانلىق ئاياللارنى تەشكىللەپ، ئەڭ ئېھتىياجلىق **قىشلىق كىيىم-كېچەك، ئەديال، تازىلىق مەھسۇلاتلىرى**، بالىلارنىڭ كىيىملىرىنى تىكتى ۋە ھەر خىل **تاتلىق-تۈرۈم ۋە پىشۇرۇقلارنى پىشۇرۇپ**، ئاپەت رايونىغا ئەۋەتتى. جىددىي قۇتقۇزۇش ئەترەتلىرىمىز ئۆزلىرى زىيارەت قىلغان شەھەرلەردە ھەرخىل ئىزدەش ۋە قۇتقۇزۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان بولۇپ، **ھەر كۈنى 10 مىڭ كىشىلىك پولۇ ئېتىپ**، يەر تەۋرەشتە قازا قىلغانلارغا ۋە رايوندىكى ئىزدەش-قۇتقۇزۇش خادىملىرىغا تارقىتىپ بەردى. تەشكىلاتلار بىرلىكىمىز **جەمئىي 8 مىليوندىن ئارتۇق** نەق پۇل ئىئانە قىلدى.

# مالايشىياغا زىيارەت

## 24 ـ فېۋرال

24 ـ فېۋرال خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىر ھەپتىلىك مالايشىيا زىيارىتىنى باشلىدى.

25 ـ فېۋرال ئۇ يەرشارى تىنچلىق ئۆمىكى (GPM) تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئەھمەد فەھمى ۋە مالايشىيا مۇسۇلمان ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خەيرۇل ئەنۋەر بىلەن كۆرۈشۈپ، مالايشىيا زىيارىتى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى.

26 ـ فېۋرال مالايشىيا بەيتۇل ئامانا تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى ۋە مالايشىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ئىسلام دۇشمەنلىكىنىڭ تىنچلىق بەرپا قىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىشتىكى ئالاھىدە ۋەكىلى دوكتور ئابدۇرازاق ئەھمەد بىلەن كۆرۈشتى.

مالايشىيا زىيارەت ھەيئىتى مالايشىيا باش مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن كۇئالالامپۇردا ئۆتكۈزۈلگەن ۋە باش مىنىستىر ئەنۋەر ئىبراھىم ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى زامبرى ئابدۇلقادىر، ھەرقايسى مىنىستىرلار، دۆلەتلەرنىڭ باش ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتلار، تەتقىقاتچىلار، شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان «خەلقئارا ئىسلام دۇشمەنلىكى مۇنبىرى»گە قاتناشتى ۋە باش مىنىستىر ئەنۋەر ئىبراھىم ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى زامبرى ئابدۇلقادىر بىلەن كۆرۈشتى. مۇنبەردە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسمۇ كۈنتەرتىپىگە كەلدى.

27 ـ فېۋرال خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى زىيارەت ھەيئىتى مالايشىيا ئىگىلىك تىكلىگۈچى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ۋە ئىدارە ھەيئەت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئىگىلىك تىكلىگۈچى ياشلار تەشكىلاتى تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ مالايشىيادىكى شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار پائالىيەتلىرىنى يېقىندىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

27 ـ فېۋرال مالايشىيادىكى يەرلىك ۋە خەلقئارالىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ كۈنلۈك تەشكىلاتى بولغان ACCIN نىڭ ۋە يېشىل ئۈپۈق فوندىنىڭ رەئىسى دوكتور ھاجى جامالۇددىن سەيىد ۋە خەلقئارا بەيتۇل مەقدىس تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى دوكتور شەرىف ۋە دوكتور ئايمان بىلەن، مالايشىيانىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىكى ھەمكارلىقى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

28 ـ فېۋرال يەرشارى تىنچلىق ئۆمىكى تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىدە، تەشكىلاتنىڭ مەسئۇلى ئەھمەد فاھمى ۋە تەشكىلاتتىكى مۇھىم كىشىلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ۋە ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلەر ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.






1-مارت مالايشيادىكى ئىسلام قىممەت قارىشى كۆرىشى توغرىسىدىكى كىنو «IMAM» قويۇلۇشىغا قاتناشتى.

2-مارت مالايشيا سېلانگور ئىشتاتلىق دىنىي ئىشلار مىنىستىرى زاۋاۋى مۇغىنىنى زىيارەت قىلدى.

2-مارت مالايشيا زىيارەت ھەيئىتىمىز ئىلگىرى مالايشيا پارلامېنتىدا ئۇيغۇر دوستلۇق گورۇپپىسى قۇرۇش ئۈچۈن لوبىچىلىق قىلغان پارتىيەلەر ۋە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن يەنە قايتىدىن كۆرۈشتى.

2-مارت مالايشيا بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارتىيەلەردىن بولغان ئامانا نېگارا پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئازلى يۇسۇف ئەپەندى ۋە پارتىيە باش كاتىپى نورخاياتى خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ۋە مالايشيا پارلامېنتىدا ئۇيغۇر دوستلۇق گورۇپپىسى قۇرۇش توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

2-مارت مالايشيانىڭ ئاياللار، ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ئايمان ئاتىرا بىلەن كۆرۈشۈپ، مالايشيا پارلامېنتىدا ئۇيغۇر دوستلۇق گورۇپپىسى قۇرۇش ۋە باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

2-مارت مالايشيا زىيارتى ھەيئىتى مالايشيا دېموكراتىك ھەرىكەت پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى شەھرىزان يوھان بىلەن كۆرۈشتى.

2-مارت مالايشيا زىيارەت ھەيئىتى مالايشيا مائارىپ مىنىستىرى فادلىنا سىدېك خانىم بىلەن كۆرۈشتى.

3-مارت مالايشيادا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن تارىخىي بىر قەدەم بېسىلدى. ئۇيغۇر-مالايشيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتى كۇئالالۇمپۇردا رەسمىي ئېچىلىش مۇراسىمى بىلەن ئېلان قىلىندى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى مالايشيا زىيارەت ھەيئىتى مالايشيانىڭ پايتەختى كۇئالالۇمپۇردا ئۇيغۇر-مالايشيا مۇناسىۋەت تەشكىلاتى (UMRO) نىڭ رەسمىي ئېچىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇزۇندىن بۇيان خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى مالايشيا ۋە ھىندونېزىيە باشلىق شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئىسلام دۇنياسىدا ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان قېرىنداش دۆلەت مالايشيادا ئۇزۇن مۇددەتلىك ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەتنىڭ ئاساسىنى سالغانىدى. ئۇيغۇر-مالايشيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر (شەرقىي تۈركىستان) دەۋاسىنىڭ بازىسى سۈپىتىدە قۇرۇلغان تەشكىلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەشكىلاتنىڭ ئېچىلىشىغا مۇراسىمغا يەرلىكتىكى ئاممۇۋى تەشكىلاتلار، مەسلىھەتچىلەر، ئاكادېمىكلار، ئاخبارات ۋەكىللىرى، ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە سىياسىي پارتىيە ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى.

خەلقئارا
شەرقىي تۈركىستان
تەشكىلاتلار بىرلىكى